ئايبېك

# نەۋائى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
I247.5
121

تەييارلىغۇچىلار: نىمەتۇللا ھاجى، توختى قاسىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

纳瓦依传/阿依别克著;尼米图拉·阿吉，托合提·卡斯木译.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2002. 12
ISBN 7—228—07737—7

Ⅰ. 纳… Ⅱ. ①阿… ②尼,托… Ⅲ. 长篇小说—中国
—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 099964 号

责任编辑:买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对:阿达来提·马合苏提

# 纳瓦依传 （维吾尔文）

阿依别克 著

尼米图拉·阿吉， 托合提·卡斯木 译

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 19.5 印张 2 插页
2003 年 3 月第 1 版 2003 年 3 月第 1 次印刷
印数:1—3000 册

---

ISBN 7—228—07737—7/I.2788 定价：28.00 元

بۇ كىتاب «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 1954 - يىلىدىكى نەشرىگە ئاساسەن تەييارلىنىپ نەشر قىلىندى.
本书根据《新生活》杂志出版社 1954 年第 1 版本整理出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت

# نەۋائى
## ئايبېك

تەييارلىغۇچىلار: نىمەتۇللا ھاجى، توختى قاسىم
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى رېنشياڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 19.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—07737—7/I. 2788
باھاسى 28.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئۆزبېك ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئايبېك 1905 ـ يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. ئەسلى ئىسمى مۇسا تاشمۇھەممەد ئوغلى بولۇپ، «ئايبېك» ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. ئايبېك 1930 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىساد فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1934 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا تەتقىقاتچى ۋە باش كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1938 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە ئۆزبېكىستان ئوقۇتۇش ـ پېداگوگىكا نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولغان. 1943 ـ يىلى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان. 1943 ـ يىلىدىن 1953 ـ يىلىغىچە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1945 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار سايۇزى پراۋلېنىيەسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1958 ـ يىلىدىن 1968 ـ يىلىغىچە «ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. 1965 ـ يىلى ئۆزبېكىستان خەلق يازغۇچىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

ئايبېك ئۆمرىدە «ئارمۇغان» (1922 ـ يىلى)، «تۇيغۇلار» (1926 ـ يىلى)، «كۆڭۈل نەيلىرى» (1929 ـ يىلى)، «مەشئەل» (1932 ـ يىلى) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىنى، «دىلبەر ــ دەۋر قىزى» (1932 ـ يىلى)، «تۇمۇرچى جورە» (1933 ـ يىلى)، «ئۆچ» (1932 ـ يىلى)، «بەختىگۇل ۋە ساغىندىق» (1933 ـ يىلى)، «قىزلار» (1947 ـ يىلى)، «زەپەر ۋە زەھرا» (1950 ـ يىلى)، «ھەقگويلار» (1952 ـ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

يىلى) ، «دەۋرىم جاراھەتى» (1965 ـ يىلى) قاتارلىق داستانلارنى ئېلان قىلدۇرغان. ئايبېك يەنە ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ھېكايە، پوۋېستلار ۋە رومانلارنى ئېلان قىلدۇرغان. پوۋېستلىرىدىن «نۇر قىدىرىپ» (1956 ـ يىلى) ، «بالىلىق» (1962 ـ يىلى) قاتارلىقلارنى، رومانلىرىدىن «قۇتلۇق قان» (1940 ـ يىلى) ، «نەۋائى» (1944 ـ يىلى) ، «ئالتۇن ۋادىدىن ئەسكەن شاماللار» (1949 ـ يىلى) ، «قۇياش قارايماس» (1959 ـ يىلى) ، «ئۇلۇغ يول» (1967 ـ يىلى) قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

ئايبېك 1946 ـ يىلىدىن 1950 ـ يىلىغىچە ۋە 1958 ـ يىلىدىن 1966 ـ يىلىغىچە سابىق س س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1951 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە ۋە 1967 ـ يىلىدىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە سابىق ئۆزبېكىستان س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1946 ـ يىلى س س س ر دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1964 ـ يىلى ھەمزە نامىدىكى ئۆزبېكىستان س س ر دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تىنماي ئەجىر سىڭدۈرگەن مەشھۇر يازغۇچى، شائىر، ئالىم ۋە جامائەت ئەربابى ئايبېك 1968 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئايبېكنىڭ «نەۋائى» رومانى نەشر قىلىنغاندىن بېرى ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. بۇ ئەسەرنىڭ «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1954 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نەشرى ئاپتونوم رايونىمىزدا خېلى كەڭ تۈردە تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قايتا نەشر قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، ياشلارنىڭ كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولماي كەلگەنىدى. بۇ رومان يېقىندا ئېلىمىزدە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بىز كەڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، «نەۋائى» رومانىنى يېڭى ئىملا بويىچە نەشرگە تەييارلاپ، ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ........ 1
ئىككىنچى باب ........ 35
ئۈچىنچى باب ........ 57
تۆتىنچى باب ........ 76
بەشىنچى باب ........ 91
ئالتىنچى باب ........ 114
يەتتىنچى باب ........ 123
سەككىزىنچى باب ........ 135
توققۇزىنچى باب ........ 154
ئونىنچى باب ........ 168
ئون بىرىنچى باب ........ 202
ئون ئىككىنچى باب ........ 218
ئون ئۈچىنچى باب ........ 236
ئون تۆتىنچى باب ........ 249
ئون بەشىنچى باب ........ 262
ئون ئالتىنچى باب ........ 290
ئون يەتتىنچى باب ........ 301
ئون سەككىزىنچى باب ........ 311
ئون توققۇزىنچى باب ........ 323
يىگىرمىنچى باب ........ 348
يىگىرمە بىرىنچى باب ........ 355

يىگىرمە ئىككىنچى باب ................................ 370
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ................................ 390
يىگىرمە تۆتىنچى باب ................................ 423
يىگىرمە بەشىنچى باب ................................ 428
يىگىرمە ئالتىنچى باب ................................ 442
يىگىرمە يەتتىنچى باب ................................ 464
يىگىرمە سەككىزىنچى باب ................................ 476
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ................................ 486
ئوتتۇزىنچى باب ................................ 503
ئوتتۇز بىرىنچى باب ................................ 515
ئوتتۇز ئىككىنچى باب ................................ 532
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ................................ 538
ئوتتۇز تۆتىنچى باب ................................ 544
ئوتتۇز بەشىنچى باب ................................ 553
ئوتتۇز ئالتىنچى باب ................................ 587
ئوتتۇز يەتتىنچى باب ................................ 613

# بىرىنچى باپ

## I

باھار قۇياشى ئۇچۇق ئاسمان كۆكىدە، ھىراتنىڭ «گۆھەر شاد» مەدرىسىسىنىڭ گۇمبىزى ئۈستىدە پارقىراپ تۇراتتى. گۇمبەزنىڭ ھەيۋەت ئېگىز پەشتاقلىرىنىڭ نەقىشلىرى كۆن شولىسىدا جانلىنىپ، ئاسمان گويا چىمەنزارلارغا ئوخشاش تۇرلۇك - تۈمەن ئاتەشىن رەڭلەر بىلەن ۋالىلداپ كۆرۈنۈپ تۇرماقتا ئىدى. كەپتەرلەر بىر ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ، بىر قونۇپ، گۈگۈلاپ گۇمبەز ئەتراپىدا شوخ، خۇشال ۋە ئىناق ئويىنىشىپ يۈرەتتى. مەدرىسىنىڭ بىر تەرىپى خانىقا، ئۈچ تەرىپى كاتەك ھۇجرىلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭ، تەكشى، تۆت بۇرجەكلىك سەھنىسىدىن تۇنۇگۇن شارقىراپ ياغقان يامغۇرنىڭ چىكىلداپ ئۆتكەن تامچىسى كۆزگە ئىلىنىدا- ئىلىنماس پار بولۇپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. تالىبىل - ئىلىمەرنىڭ تولىسى بۇگۈن ھويلىغا چىققان. ئۇلار خىش ياتقۇزۇلغان سۇپىلارغا بورا سېلىپ ئولتۇرۇشۇپ، دەرس تەييارلاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «كافىيە» دە، گاھىلىرى «ھاشىيە» دە، بىر مۇنچىلىرى «شەمسىيە» دە ئىدى. مانا بۇ يەردە بىرى يوغان سەللە ئورالغان بېشىنى پۇلاڭلىتىپ، كىتابىنى تىزىغا قويۇۋېلىپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، غوڭشىپ ئوقۇپ، «ئەدەبىيات» نى يادلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭدىن نېرىراق يەردە بىر بورا ئۈستىدە ئۈچ بۇرجەك بولۇپ ئولتۇرغان ئۈچ نەپەر تالىپ مۇشكۇل بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلەشمەكتە. ئۇلارنىڭ بىرى چاڭگا ساقاللىق، رەڭگى سارغايغان ۋە ئورۇق ئۆز مەنتىقىنىڭ كۈچىنى

كۆرسىتىشكە ھەم «ھەقىقەت مىزانى» نى ئۆزىچە تەرىپلەشكە چىن دىلى بىلەن تىرىشاتتى. شېرىكلىرىنىڭ دەلىللىرىنى رەت قىلاتتى. ئۇنىڭدىن ياشراق، لېكىن بىلىمدانلىق قىلىشتا ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان شېرىكلىرى بولسا، ۋارقىراپ سۆزلەپ يېڭى - يېڭى دەلىللەرنى كۆرسىتىپ، مۇلاھىزىلەرنىڭ تىلسىملىق قۇرغىنىنى شۇئاندىلا سۆز بىلەن ياساپ قويۇشاتتى. گاھىدا بۇلار ئەسلىي ماۋزۇدىن چەتكە چىقىپ، تالاش ئۇچۇرىدىن كېلىپ چىققان يېڭى «نۇقتىلار» غا بېرىلىپ كېتىپ، سۆز جاڭگاللىقىنىڭ تىكەنلىك مۇشكۇلاتلىرى بىلەن لىق توشقان سەھرالىرىدا قاڭغىراپ - تېنەپ يۈرۈپ، يەنە ئەسلىي مەسىلىگە يېنىشاتتى. بۇ بەسلەشكۈچىلەر گاھىدا مۇنازىرىنىڭ يالقۇنىدا قىزىپ كېتىپ، بىر - بىرلىرىگە قوپال پاراڭلارنى قىلاتتى، گاھىدا بۈركۈتتەك بىر - بىرىگە ھۆرپىيىشىپ، بىرىگە - بىرى چاڭگال سالىدىغاندەك قىزىق بىر ۋەزىيەتتە بولۇشۇپ، يەنە چاپسانلا ئەكسىگە كېلىشەتتى. مەدرىسە دۇنياسىدا مۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاددىي ۋە تەبىئىي بىر نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنىڭ جان ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ، چۇقان سېلىشلىرىغا ھېچكىم ئېتىبار قىلمايتتى.

ھۇجرىلار بوشتەك كۆرۈنسىمۇ، خانىقانىڭ تۆۋىدىكى كۈن چۈشمەيدىغان، تەسكەي تەرەپتىكى بىر ھۇجرىدا تۆت كىشى غۇجمەك بولۇشۇپ، ئادەتتىكىچە گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. ھۇجرا تار، زەي ئىدى. ئىشىكنىڭ ئۇلۇغ ئوچۇق بولۇشىغا، باھارنىڭ كۈندە كۆزنى چېقىپ تۇرغان ئوچۇق كۈندۈزگە قارىماي، بۇ يەردە نەملىك، قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ھال يالغۇز بۇ ھۇجرىغىلا خاس سۈپەت ئەمەس ئىدى. مەدرىسىنىڭ ھۇجرىلىرى تالىبىل - ئىلىملەرنىڭ جاي ئەسۋابلىرىنىڭ كەڭ، ھاۋالىق بولۇشى، گوياكى ئادەتتە زىننەتكە، پۈتكۈل زېھنىياتقا زىت ئەھۋالدەك، شەرقتە مەدرىسە ھۇجرىلىرى بىر - بىرلىرىدىن ھېچ قېلىشمايدۇ، دېيىش

مۇمكىن ... «ئىلىم يىگىنە بىلەن قۇدۇق كولاشقا ئوخشاش» دېگەن قەدىمكى پىكىرگە ھۆجرىلارنىڭ ئۆلگىسى روشەن بىر مىسال بولسۇن، دەپ بىر زامانلاردا مىمارچىلىق سەنئىتىدە تالىبىل ـ ئىلىملەر ئۈچۈن شۇ ئۆلگىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى ئېھتىمال.

بۇ قاراشقا، زەي ھۆجرىدا ھېلىقى تۆتەيلەننىڭ پارىڭى تۈگىمەيتتى. بۇلارنىڭ ئۈچى تالىبىل ـ ئىلىملەردىن بولۇپ، تۆتىنچىسى ھۆجرا ئىگىسىنىڭ مېھمىنى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىلىم دەرىجىلىرىدە، باشلىرىدا، خۇي ـ مىجەزلىرىدە چوڭ پەرقىنىڭ بولۇشىغا، ھەتتا زىددىيەتنىڭ بولۇشىغا قارىماي، بۇلار مەدرىسىنىڭ ئەڭ كەمبەغەل تالىپلىرىدىن بولغاچقا، «ئىككى يېرىم ــ بىر پۈتۈن» دېگەندەك، بۇلارنىڭ غىزا ـ تامىقى بىللە ئىدى. مانا بۇگۈنمۇ بۇلار ئەنە شۇ مەقسەتتە يىغىلىشىپ قازان قايىنىتىشنىڭ غېمىدە باشلىرىنى گاڭگىراتماقتا ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە يېشى چوڭى ئەلائىددىن مەشھەدى بولۇپ، ئۇنىڭ ياداڭغۇ يۈزىنى يېرىك قارا ساقال باسقان، قويۇق قېشى قاپىقىغا چۈشكەن، ھەر قاچان يېرىمى يۇمۇق خىرە كۆزلۈك، بويى پاكار، تەخمىنەن قىرىق بەشلەردىكى كىشى ئىدى. ئۇ كىشى ئون بەش يىلدىن بۇيان مۇشۇ «گۆھەر شاد» مەدرىسىسىدە، شۇ ھۆجرىدا ئىستىقامەت قىلاتتى. بۇ يەردىن باشقا ياققا قوزغىلىشىمۇ مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئەلائىددىن مەشھەدى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ پىشقەدەم مۇدەررىسلىرىدىن ئون يىللاپ دەرس ئالغان بولسىمۇ، بىرەر ئىلىمدە ئۆزىنى كۆرسىتىپ چىقالمىغانىدى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭمۇ ئىلىمدىن كۆڭلى سوۋۇپ، دەرسلەرگىمۇ كۆپرەك قاتناشماس بولۇپ قالغان. لېكىن، زاماننىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىگە بېرىلگەن شائىرلىق بەختى ياكى بەختسىزلىكى بۇ كىشىنىمۇ قۇرۇق قالدۇرمىغانىدى. ئۇ شېئىرنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە قەلەم ماڭغۇزاتتى. كېچىلىرى كۆز يۇمماي، «دىۋان»① مۇ تۈزۈپ

---

① كونا زامانلاردا شېئىرلار توپلىمى «دىۋان» دېيىلەتتى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

چىقاتتى. ئۇ «مۇئەمما»[1] دا ئۆزىنى بىردىنبىر بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئەڭ چەبدەسلەردىن ھېسابلايتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھىرلىقىمۇ ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭ دىۋانىمۇ تېخى شېئىر ئالىمىگە تونۇلغان ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا ئۇ تولىمۇ قايغۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى دەرد ئۇنى ھەر ۋاقىت بىئارام قىلاتتى ۋە ئۇمىدسىزلەندۈرەتتى. شۆھرەت ۋە ئىلتىپات ئىزدىگەن شائىر شاھلارغا بولمىسىمۇ، بەگلەرگە، ۋەزىرلەرگە، ھەتتا بۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرگىمۇ قەسىدىلەر (ماختاش شېئىرلىرى) نى يېزىپ تەقدىم ئېتەتتى. ساۋاتسىز بەگنى «جامىئۇلئۇلۇم»[2]، «خەزىنەئى مەئانى»[3]، «فۇزەلا ۋە شۇئەرا ھامىيسى»[4] دەپ كۆتۈرۈپ ماختايتتى. ئۇ بەگنىڭ سۇلتانلارغا، ھەتتا بەگلەرگە نۆكەر بولۇپ ئۆتكەن ئاتا - بوۋىسىنى «ئەزەلدىن تارتىپ» دۆلەتنى، شۆھرەتنى زاۋال كۆرمىگەن ئالىي نەسەبلىك «پادىشاھلىق ئاسمىنىنىڭ كۈنى» دېگەنگە ئوخشاش چاكىنا، لېكىن كۆزنى چاقنىتىدىغان يالىلداق سۆزلەر بىلەن ماختاشقا ماھىر ئىدى. ئەلائىددىن مەشھەدى تېرىككەك، مىجەزى بىر قىسما، گۇمانخور بىر كىشى ئىدى. ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن كىشىدىن كۆڭلى قالاتتى. ئۇ بىرىدىن رەنجىسە، شۇ زامان قولىغا قەلەم ئېلىپ شۇنداق ھەجۋىي نەرسىلەرنى يازاتتى، ئۇ يازغان نەرسە «دۈشمىنىنى» شۇنداق پاتقاققا بۇلغايتتىكى، ئۇ پاتقاقتىن سىيرىلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس...

پۇراق چىقىپ تۇراتتى.

ئىككىنچى تالىپ ھىراتلىق، ئوتتۇراھاللىق ئائىلىدىن چىققان زەيىنىددىن بولۇپ، ئۇنىڭ قەددى - قامىتى نازۇك، يۇمشاق مۇئامىلىلىك، خۇشخۇي، يېنىك تەبىئەتلىك، يىگىرمە - يىگىرمە

---

① كىچىك شېئىر تۈرى، شائىرلار مۇئەممادا كىشى ئىسىملىرىنى يوشۇرىدۇ.
② ئىلىملارنىڭ يىغىندىسى.
③ مەئىنىلەر خەزىنىسى.
④ شائىرلار ۋە پازىللارنى ھىمايە قىلغۇچى.

بىر ياشلىق بىر يىگىت ئىدى. ئۇ تۆت - بەش يىلدىن بۇيان ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بەزى ئىلىملەردە خېلىلا ئىلگىرىلىگەنىدى. ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەنىدى. لېكىن، يېنىك تەبىئەتلىك بولغانلىقى ۋە ھاياتتا زىننەتنى، كەيپى - ساپانى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا دېگەندەك كۆڭۈل قويالمىدى. ۋاقتىنىڭ تولاراقىنى سەنئەتلەرگە سەرپ قىلدى. مەدرىسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇ ئۆزىنىڭ «ھۆسنخېتى» (خۇش خېتى) بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىلىگە، ناخشىغا ئۇستا، غېجەكنى ياخشى چالاتتى؛ كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا غىرتىڭ - سىرتىڭ بولۇپ قالغاچقا، ئۇ كەمبەغەللەشكەنىدى. بۇ مەدرىسىدە ۋە باشقا مەدرىسىلەردە بولغان ئېسىلزادە، «دۆلەتمەن» تالىپلارنىڭ ھەم ھىراتتىكى بەگزادە، ۋەزىرزادىلەرنىڭ كىچىك بەزمىلىرىگە، زىياپەتلىرىگە بېرىپ غەزەل ۋە نەغمىسى بىلەن ئولتۇرۇشنى قىزىتىپ، شۇ باھانىدە قورسىقىنى تويغۇزاتتى.

ئۈچىنچى تالىپ ئىككى يىل ئىلگىرى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن شەھرىسەبزدىن كەلگەن پېشانىسى دۆڭ، بەدىنى چىڭ، چوڭ ئۆتكۈر كۆزلۈك، ئون سەككىز ياشلىق سۇلتانمۇرات ئىدى. بۇ يىگىت شەھرىسەبزدىكى مەشھۇر تاشچى ئۇستىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇستا سەمەرقەندتە ئىش ۋاقتىدا چوڭ بىر ئىمارەتنىڭ ئۇستىدىن يىقىلىپ ئۆلگەن چاغدا، سۇلتانمۇرات تېخى ئۈچ ياشلىق بالا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋاتلىق، ئەمگەكچان، جاپاكەش ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ، ئاۋۋال ئۆز شەھىرىدە، كېيىن سەمەرقەندتە ئوقۇپ، ئاخىر قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھىراتقا كېلىپ، بۇ مەدرىسىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئىستېداتى مەدرىسە ئەھلىگىلا ئەمەس، بەلكى ھىراتنىڭ نۇرغۇن ئالىملىرىغىمۇ مەلۇم ئىدى. ئۇ بارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، زامان ئالىملىرىنىڭ ئالدى بولۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ دىنىي ئىلىملەردىن تاشقىرى، رىيازىيەت

(ماتېماتىكا)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترالوگىيە)، مەنتىق (لوگىكا)، ئەدەبىيات ۋەھاكازالاردا كەڭ ۋە پىششىق مەلۇماتلىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۇن تۆت يېشىدا سەمەرقەندتە ئۇنىڭ بىر موللىسى مۇنداق دېگەنىدى: «قەدىمكى زاماندا بىر ئالىم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەگەر ئالەمدىكى بارلىق ئالىملارنىڭ خاتىرىلىرىدىن بارلىق ئىلىم ۋە پەن تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، ئۇ ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىدىكىدەك قىلىپ تىرىلدۈرۈش قولۇمدىن كېلىدۇ، دەيدىكەن. ئوغلۇم، سىزدە ئەنە شۇنداق ئەقىل ۋە ئىستېدات بار. بۇ بەخت ۋە غەيرەتنى ئەسلا قولدىن بەرمىگەيسىز!». ئىلىملەردە ئەنە شۇ چۆچەكتىكى ئالىمنىڭ دەرىجىسىگە يېتىش، سۇلتانمۇراتنىڭ ئىدىيىسى ئىدى.

بۇلاردىن باشقىچە بولۇپ ئولتۇرغان بۇ يەردىكى كىشى ئەلائىددىن مەشھەدىنىڭ مېھمىنى، سەمەرقەندلىك تۇغانبەگ ئىدى. ئۇ يوغان، سېمىز، شالاڭ قىزغۇچ بۇرۇتلۇق، كەڭ، قارامتۇل يۈزىنىڭ ياڭاقلىرى قاپارغان، قىسىق كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان، كۈن ئىسسىق بولسىمۇ، ئۇستىگە قوپال كونا جۇۋا، بېشىغا يوغان پاقپايغان قۇندۇز تۆپە كىيگەنىدى ... تۇغانبەگنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەمىر تېمۇر دەۋرىدە چوڭ مەنسەپلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەشھۇر ئەسكەر باشلىقلىرى، دۆلەت خادىملىرى ۋە داڭلىق تارخانلار① چىققان. لېكىن كېيىنرەك، تېمۇرنىڭ دۆلىتى پارچىلىنىپ، شاھزادىلەر ئارىسىدا تاج - تەخت ئۈچۈن جېدەل - غۇلغۇلىلار ئەۋج ئالغان چاغدا، بۇ ئائىلىنىڭ داڭقى ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. دادىسى پىرۇزبەگ قايسىبىر سەپەردە دېرەكسىز غايىب بولغان. نوپۇزلۇق تۇغقانلىرى، تاغىلىرى، كىچىك دادىلىرى ۋەھاكازالىرى ئۆز مەرتىۋىلىرىنى يوقاتتى. گاھىلىرى ئاكا - ئۇكا، ئاتا - بالا سۇلتانلارنىڭ ئۆزئارا

---

① تارخان — پادىشاھتىن ئالاھىدە ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلار ئالغان ئېسىلزادە.

ئۇرۇشلىرىدا قىرىلدى. گاھىلىرى دۈشمەنلەردىن قورقۇپ ياكى يېڭى بەخت ئىزدەپ ئۇزاق ئەللەرگە كۆچۈپ كەتتى. تۇغانبەگ ئون يەتتە يېشىدىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھردە، خوراساندا، دەشتى قىپچاقتا، ئىراقتا ۋە ئومۇمەن بىر چاغلاردا ئاقساق تېمۇرنىڭ قىلىچىغا بېقىنغان بىرقانچە ئەللەردە قاينىغان سىياسىي كۈرەشلەرگە، توختىماي بولۇپ تۇرغان قوزغىلاڭلارغا، پىتنە - ئىغۋالارغا بېشىچە چۆكۈپ كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بەخت ۋە شان - شۆھرەت ئىزدەپ، ئۆزىنى ئوتقا - چوغقا ئۇردى. سۇلتانلار ۋە بەگلەرنىڭ بوسۇغىلىرىنى يالىدى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىدا خىزمەت قىلدى، ئالدىدى، ئالداندى، تالىدى، تالاندى، ئاخىرى يىگىرمە بەش يېشىدا، بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئاۋۋال ھىراتقا كەلدى. ئەلائىددىن مەشھەدى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ تونۇشۇپ قېلىپ، دوست بولدى. ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ھەمىشە كېلىپ ئولتۇرىدىغان بولدى.

تۇغانبەگ ئۆزى چالا ساۋات بولسىمۇ، ئىلىم پەننىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلەتتى. تالىپلارنىڭ سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. لېكىن ئۆزى ئۇچۇن بۇ جەرياننى يات ھېسابلايتتى. ئىلىم تەھسىل قىلىش ياۋاش، تىنچ، سەۋر - قانائەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشى دەپ ئويلايتتى. تۇغانبەگنىڭ خىيالى بولسا، ھەر قاچان جاھان ئالىمدە جەۋلان قىلاتتى. ئۇ ئۇچقۇر ئاتتا چاقماقتەك يېنىپ، جەڭلەردە قىلىچ ئوينىتىشنى، ئوقيا ئېتىشتىكى كۈچى ۋە ماھىرلىقى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇشنى، شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىشنى، تاغدەك ئېگىز قورغانلارغا باتۇر يىگىتلەر بىلەن بىللە شوتىلار قويۇپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئارتىلىپ چۈشۈشنى، يېزىلارغا ئوت قويۇپ، مىڭلىغان قويلارنى ئولجا قىلىپ ھەيدەشنى ئارزۇ قىلاتتى. تۇغانبەگ بىرەر ناھىيىگە بەگ بولۇپ، ئەتراپىغا ئۆتكۈر، قەيسەر يىگىتلەرنى توپلاپ، ھىيلە - مىكىر، ئالداش، دوق، باسقۇنچىلىق ۋەھاكازالارنىڭ ياردىمى بىلەن باشقا بەگلەرنى، ھاكىملارنى

بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئاغدۇرۇش، ئاخىردا پايتەختلەردىن شاھلارنى قوغلاپ، ئۆزى تاج كىيىش، ياكى تېنەپ يۈرگەن شاھزادىلەردىن بىرەر ئاغزى ئوچۇق ئادەمنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، پۈتۈن ھاكىمىيەت تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا ئوخشاش ئۇمىدلەرنىڭ يۈرەكتىكى يالقۇنى بىلەن ياشايتتى. ئۇ مانا شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئىلاج يوق، بۇ ئۇمىدلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. ھەتتا، بىر نەچچە قېتىم بۇ قىڭغىر يۈك باشقىلارغا سېزىلىپ قېلىشقا تاس قالدى. ئۇنىڭ بۇ تەلۋە ئۇمىدلىرىنى بېشى بىلەن بىللە كېسىشكە كۆتۈرۈلگەن قىلىچتىن ئۆزىنى ئارانلا قۇتۇلدۇردى ھەم ھىراتتا بۇ مەدرىسە كاۋىكىنى ماكان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، تۇغانبەگ تېخى بۇ ئۇمىدتىن يانغان ئەمەس.

ئۇنىڭدا ئىشەنچ خېلى چوڭ ئىدى. تېمۇرنىڭ ئەۋرە - چەۋرىلىرى نۇرغۇن؛ بۇلارمۇ ئۆي توشقىنىدەك كۆپەيمەكتە. بالا ئاتىغا، ئاتا بالىغا، ئاكا ئۇكىغا، قېرىنداش قېرىنداشقا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش بۇ ئەلدە بىر ئادەت بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى چوڭ - كىچىك شەھەرلەردە، ۋىلايەتلەردە بەگلەر، ھاكىملار بار. ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈككە، شان - شۆھرەتكە، ھاكىمىيەت، دۆلەتكە ئىشتەيلىرى ئېچىلىپ كەتكەن. تۇغانبەگنىڭ كۆڭلى قانلىق غوۋغالارنىڭ، ئۇر - يىقىتلارنىڭ ئۇزاق داۋام ئېتىدىغانلىقىنى سېزىدۇ؛ شۇڭلاشقا ئۇ قولايلىق پۇرسەت ۋە شارائىتنى كۈتمەكتە ...

ۋەقفە مەبلەغلىرى بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان تالىپلارنىڭ ئەھۋالى ئېغىردۇر. ئۇلار قوللىرىغا تەگكەن «نەقىد» (تەمىنات) لەرنى ئالالىغاچان، قىشتىلا يەۋەتكەن. ئەمدى ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم قازان قاينىتىشمۇ قايغۇدۇر. سېتىشقىمۇ قولغا ئېلىنغۇدەك ھېچ نەرسە يوق. غىزا تۇغرۇلۇق باش قاتۇرۇشۇپ ئولتۇرۇشقان چاغلىرىدا تۇغانبەگ: «ھېچ گەپ ئەمەس بىر ئىلاجىسىنى قىلىمىز، ھىراتقا ئوخشاش شەھىرى ئەزىمدە بىز ئاچ قالارمىدۇق!» دەپ غودۇڭشىپ، بىر نەرسىلەرنى دەپ چىقىپ كېتەتتى ھەم غىزا ئۈچۈن

ئاز - تولا بىر نەرسە تېپىپ كېلەتتى. يولداشلىرى بۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان يانچۇقى قۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلىسمۇ، خىراجەت پۇلىنى قەيەردىن تېپىپ كېلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيتتى. ئەمما، بۈگۈن شۇ ھەقتە بىر قانچە سائەتلەپ پاراڭ بولۇۋاتسىمۇ، تۇغانبەگ زادىلا ئۈن چىقمىدى. ئۇنىڭ پەيلى بۇزۇلغاندەك، ئۇ ھۇجرىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىۋېلىپ، قىسىق كۆزلىرى سلەن بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى.

چۇچۇتۇلگەن ياغ ۋە قورۇلغان گۆشنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغقا كىردى. بىر مۇنچە ھۇجرىلاردا كۈنگە ئىككى مەھەل لەززەتلىك غىزا پىشۇرۇلىدۇ. ئۇ ھۇجرىلارنىڭ ئىگىلىرى ۋەقفخورلار ئەمەس، ئۇلار يۇقىرى تەبىقە ئائىلىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدۇر، ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىدا ئالتۇن - كۈمۈش تولا. ئۇلار كېچىلىرى «شېرىن سۆھبەتلەر» ئۆتكۈزىدۇ. ئەل - ئاغىنىلەر يىغىلىپ، مەي ئىچىشىپ نەغمە - ناۋالار بىلەن تاڭ ئاتقۇزىدۇ ...

ھۇجرىنىڭ تۆرىدە ياغاچتەك قېتىپ قالغان، يۈكى چۈشۈپ كەتكەن تاقىر تېرىدە ئولتۇرغان ئەلائىددىن مەشھەدى ئۇزاق كېڭىشىشتىن ھېچبىر كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە چىقمىغاچقا، كىچىككىنە بەدىنى بىلەن يېنىككىنە مىدىرلاپ، ئۇزۇن قويرۇقى ئېسىلغان، چوڭ سەللە ئورالغان بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن بۇ بېيىتنى سوزۇپ ئوقۇدى:

ئۇفتادەست دەر جەھان بىسيار،
بىتەمىز ئەرجەمەندۇ ئاقىل خار[1]

---

[1] ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر خار - زار بولۇپ، جاھىللارنىڭ ئەزىز بولغانلىقى دۇنيادا كۆرۈلگەن ھادىسىدۇر.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com